# بايىنغولىن

# تارىخ ماتېرىياللىرى

资料室

3 - توپلام

赠阅
请交换

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت
كېڭەشمىلىك تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات كومىتېتى

4H201/24

# بايىنغولىن تارىخى ماتېرىياللىرى

3

بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت
كېڭىشىنىڭ تارىخى ماتېرىياللار كومىتېتى

1988 ـ يىل 12 ـ ئاي

مۇقاۋىسىنى ئۆمەرجان راخمان ئىشلىگەن

# 巴音郭楞文史资料

## 维文　第三辑

# «بايىنغولىن تارىخ ماتېرىياللىرى»

3 - توپلام

( ئىچكى قىسىمدا پايدىلىنىدۇ )

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات
كومىتېتى ئۇيغۇر تەھرىر گۇرۇپپىسى

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق گېزىتخانىدا
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 32 ، تىراژى 1 - 1500
1988 - يىل 12 - ئاي

# مۇندەرىجە

بايمنغولىن موڭغۇل ئوبلاستىمىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى
نىڭ تەرەققىياتى ..........ئاۋۇت ئاپپاق ..... ...... 1
تارىم ۋادىسىدىكى قارا قوشۇنلۇقلار ........سولايمان ئابدىرەھىم... 10
لوپنۇردا ئۆتكەن ناسىربەگ ھەققىدە ......... غۇلامىدىن ئەيسا ...... 21
ئاتام مەھەممەت قاسىم توغرىسىدا..........مامۇتخان مەھەممەت...... 27
بۇگۇر دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە جەلالىيىجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى...
ئاۋۇت روزى .................................................. 42
كونا تۇرغۇت جەنۇبى ئايمىقىنىڭ مائارىپ ئەھۋالى.........بۇۋە.....
موللاخۇن روزى تەرجىمىسى ........................................ 50
ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى ئوشىقتال باشلانغۇچ مەكتىپى ...خوشۇتتىن
ماجۇلىي، ليۇ جىڭ سەن ، موللاخۇن تەرجىمىسى .................. 72
مەشھۇر دىنىي ئالىم ئىلى ھاجى داموللام توغرىسىدا.................
ئىززەت تۇختى، ئابدىرېيىم ئەيسا ................................. 81
زەيدۇن سۇنايچى ھەققىدە ئەسلىمە......... ئەزىز سەيپىدىن ........ 89
ئالتۇنتاغ تەبىئىي ئورغداش رايونىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ........
سۇڭ بىڭ شۇەن، شۇي چۇن لەي......... تەرجىمە ...........
قىلغۇچى غۇلامىدىن ئەيسا، تەھرىرلىگۈچى ئۆمەرجان يۈسۈپ... 101
چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئەھۋالى.........ئىبراھىم سەيدۇللا... 135
ئىنقىلابىي قۇربان ۋە مەدەنىيەت سەركەردىسى كەبىر ئىلمىيۇۋنىڭ
تارىخىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا......... قادىر ئىلمىيۇۋ،
ئابدىرەھىم ئەيسا ........................................ 140

كەمتەر تۆھپىكار مەمتىمىن ياقۇپ توغرىسىدا...... سۇلايمان سىيىت... 149

چاقىلىقنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئامباللىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆتمۈشى..........

ئىبراھىم سەيدۇللا ........................................................... 156

كورلىنىڭ نامى، باش ئەگىم ۋە تاغ سارىيدان توغرىسىدا ........

مەخمۇتجان ئاسىم ...................................................... 164


此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertor

# بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ماﺋارىپىنىڭ تەرەققىياتى

ئاۋۇت ئاپپاق

شىنجاڭ تارىخى — مەملىكىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنىڭ
تەسىرى ۋە خەلقئارا ئىنقىلاۋى ئىچىمىنىڭ تەسىرى، جۈملىدىن شىن-
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرۈشىنىڭ تەرەق-
قىياتى ئۇستىغۇرۇلما بولغان ماﺋارىپقا تەسىر كۆرسەتمەي مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. جۇڭگودا يۈز بەرگەن شىنخەي ئىنقىلاۋى مەملىكىتىمىزدە
نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىزم ئاسارىتىنى تارمار قىلىپ ھەر مىللەت
خەلقىگە يېڭىچە مەدەنىيەت تونۇشىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ نۇرغۇنلى-
غان خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ نادانلىق ئورنىغا مەرىپەت ئىگىسى
دارا - بارا شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى. ئاز ئۆتمەي روسىيەدە قوز-
غالغان ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى ھەر مىللەت
خەلقىنى ئويغاتتى، جۈملىدىن ئەڭ يېقىن چېگرىسىغا جايلاشقان شىن-
جاڭ خەلقىگە تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەم-
لىكىتىمىزدىكى ماﺋارىپتا زور ئۆزگۈرۈشلەر بولۇپ يېڭىچە مەكتەپلەر
قۇرۇلۇشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ ئىگى ئۆسكەنسىرى زۇلۇمدىن، نا-
دانلىقتىن ئازات بولۇش ئارزۇسى كۈچەيدى، شۇڭا 30 - يىللاردا
شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ مېۋى-

سىگە تۇرلۇك ھىلى-مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ جاللات ئىنىكى يۇزلىمىچى
شىڭشىسەيگە ئىگە بولۇۋالدى. 1934 - يىلىدىكى «12 ئاپرېل» ئۆزگىرىشى-
دىن كېيىن شىڭشىسەي تەختىگە چىقىپ «دوبەن» بولۇۋالغاندىن
كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوس بولۇش، گۇڭچەنداڭ بىلەن
ھەمكارلىشىشنى ئاساس قىلغان «6 بۈيۈك» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ
1938 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرىدىن چېن تەنچيۇ،
ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭغا كېلىپ ھەر خىل
ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئىج-
تىمائىي مەدەنىي - مائارىپ قاتارلىق تارماقلارنى يېڭىلاپ ئەينى يىل-
لاردا شۇ كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە نۇرغۇن يېڭى مەكتەپلەر بارلىق-
قا كېلىپ مائارىپ خېلى دەرىجىدە راۋاج تاپقان ئىدى. بۇ
ۋاقىتلار روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ سوۋېتتىكى غەلىبىسى بىرمۇنچە ئاز
سانلىق مىللەت ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرگەن بولۇپ ئۆزبې-
كىستان، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك زىيالىلىرىنىڭ شىنجاڭغا
كېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا قوشنا جۇمھۇرى-
يەتلەردە ئالىي مەكتەپ قۇرۇلۇپ شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى
ئۈچۈن بىرمۇنچە زىيالىلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. شىنجاڭدا
باشلانغۇچ مەكتەپلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرمۇ
ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە قۇرۇلۇشقا باشلىغان جۈملىدىن قارا
شەھەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ يالغۇز باشلانغۇچ
مەكتەپلا ئەمەس، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپمۇ راۋاج تاپقان ئىدى.
پارتىيىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن خىزمەت
ئىشلەۋاتقان مۇنەۋۋەر گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ئەينى يىللاردا مائارىپنى
راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەسـ-

لىسىنى كۆزدە تۇتۇپ 1938 - يىلى ئۆلكۈلۈك مائارىپ نازارىتى تە-
يىنلەپ ئەۋەتكەن خاشىچەڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھازىرقى جىڭگى-
زەن (يولۇچلار بېكىتى) ئورنىدا «ئۆلكۈلۈك قارا شەھەر ئاددىي سە-
فەن» مەكتىپى قۇرۇلۇپ خاشىچىڭ ئۆزى مەكتەپ مۇدىرى بولدى.
دوۋي ئەن ئىلمىي مۇدىرلىككە، خوخەيبىن تەرتىپ مۇدىرلىككە، لو-
ۋاڭخەي خوجىلىق مۇدىرلىككە تەيىنلەندى. ئوتتۇرا ئاسىيا داشۆ 3 -
قاراردىن كەلگەن ئىبراھىم ئىدرىسوۋ، لىمە ( موڭغۇل 1950 - يى-
لىرى خېجىڭدا ھاكىم بولغان) لار ئوقۇتقۇچى بولدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ،
موڭغۇل ئوقۇغۇچىلار ھەربىرسى بىر سىنىپتىن بولۇپ جەمئىي 3 سى-
نىپ 120 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. قارا شەھەر ئاددىي سىفەن يۇقى-
رى بىر قارار بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تېختۇتۇپ قو-
يۇلدى. بۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەينى يىللاردا ھەر قايسى ناھىيىلەردە
يېڭى - مەدەنىيەت ئوقۇتۇشلۇق مىللىي زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ بارلىققا
كېلىشىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئىدى. ھازىر پىنسىيەگە چىققان تۇر-
دى ئابدۇللا شاۋجياڭ شۇ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسىدۇر.

تۇنجىدىن كېيىن 1945-يىلدىن 1949- يىلغىچە قاراشەھەر چوڭ مەسچىت
يېنىدىكى ( ھازىرقى مەھەللىسى دېيىز ئاتىلىدۇ ) ئۇيغۇر باشلانغۇچ
مەكتىپى ئىچىدە بىر يىللىق تولۇق بىلەن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇ-
رسلىرى ئېچىلىپ ئۇدا 4 قارار ئېچىپ 300 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى
يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. شۇ يىللاردا ئايال ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈ-
رۈش مەقسىتىدە ھەر قايسى ناھىيىلەردىن 25 قىز ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلىپ بىر يىل ئوقۇتقان ھازىر. مائارىپ سېپىدىن پىنسىيىگە چىقىپ
دەم ئېلىۋاتقان پىشقەدەم ئايال ئوقۇتقۇچى زىلەيخان ھەسەن، شۇ
يىللاردىكى كۇرسىدا ئوقۇپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. جەمىل تۇردى، ئې-

زىم ئېزىز، ئوسمان ئارزۇيېۋ ( ئوسمان نىياز ) لار كورلا مائارىپى-
دىكى غوللۇق ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئوقۇتقۇچىلار تۇرغۇن
ئالماس، كىرەم سالىيېۋ، سوپىيېۋ بولۇپ شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار زىيالىلى-
رى ئىدى. بۇ دەۋر شىڭشىسەينىڭ يۈز ئۆرىشى، گومىنداڭنىڭ شىن-
جاڭغا كىرىشى بولۇپ جاللات شىڭشىسەينىڭ تۇتقۇن قىلىشى، كېيىنكى
ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ ئاق تېرورلۇقى مەدەنىي-مائارىپنى ۋەيران قىلى-
شى بىلەن بۇ ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار كەينى - كەينىدىن تۈرمىلەرگە تاش-
لىنىپ ھاياتىدىن ئايرىلدى، پەقەت ھايات قالغىنى ئاتاقلىق شائىر
تۇرغۇن ئالماس بولۇپ، قارا شەھەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپى ۋەيرانلىققا يۈز
تۇتتى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىنىپ، كۇرسلار تاقالدى. بىلىملىك
ئوقۇتقۇچى - زىيالىلار تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

1944 - يىلى قوزغالغان 3 - ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى جەنۇ-
بى 7 ۋىلايەتكە تارقىلىشقا باشلىدى. 1946 - يىلىدىكى 11 ماددىلىق
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىر قىسىم ئىلغار
زىيالىلار تۈرمىدىن چىقتى ۋە 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرى شىنجاڭدا
بىر مەزگىل خىزمەت ئىشلەش پۇرسىتىدە قارا شەھەر ۋىلايىتىدىكى
بىر قىسىم ھەر مىللەت زىيالىلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قارا شەھەر
ۋىلايىتىنىڭ ئاددىي سىنىپ ھازىرقى قارا شەھەر 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
ئورنىدا قايتا قۇرۇلدى. مۇددىتى 3 يىل بولۇپ بىر ئويغۇر سىنىپ،
بىر موڭغۇل سىنىپ، ئىككى خەنزۇ-خۇيزۇ سىنىپ جەمئىي 4 سىنىپ
100 دەك ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. ھاجى سەلەي، ئابلەز تۇردى، خۇن-
گۈر (ۋەنگەل) جىڭ قاتارلىق بىر خەنزۇ كىشى ئوقۇتقۇچى ئىدى.
بۇ مەكتەپ نامدا ئاددىي دارىل مۇئەللىمىن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئو-
قۇتقۇچى كەمچىل، دەسلەك ماتېرىياللار يوق. ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى

قالاق بىر ھەربىي گازارمىغا ئوخشايتتى ئىسىمدە قېلىشىچە مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ۋالىي زۇشۇفېڭ ئۈستىگە ئالغان بولۇپ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا گۇمان بىلەن قارايتتى بىر كۈنى تەرجىمان باۋۇدۇن تۇرقىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ زۇشۇفېڭ نۇتۇق سۆزلىدى ئۇ سۆزىدە 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كىمنى قىلغۇچى بۇزغۇنچىلار بار، ئۇلار ھۇشىنى تېپىپ تىنىچ يۈرۈش كېرەك. بولمىسا جازالىنىدۇ. دەپ پوپوزا قىلغان ئىدى. كېيىن 1945 - يىلى بۇ مەكتەپكە ھەربىي كىيىم كىيگەن تۇرغۇنىنە، ئىگىز ئوفىتسېر مۇدىر بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ فامىلىسى يىڭپىخەي ئىدى. مەكتەپنىڭ ئارقا تېمىدا ھەربىي گازارما بار ئىدى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئىسپانكا شەپكىسى بار ھەربىي كىيىم بەرگەن ئىكەن. دىمەك مەكتەپ بىلىم ئالىدىغان جاي ئەمەس. بەلكى جاسۇس - ئىشپىيونلارنىڭ تىگىتىگىلايدىغان قورقۇنچلۇق ئورنىغا ئايلانغان. بۇ دەۋر 30 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 40 - يىللارنىڭ بېشىدىكى گۈللەنگەن مائارىپ دەۋردىن خاراپلاشقان مائارىپ دەۋرىگە ئۆزگىرىپ 1949 - يىلى 10 - ئايدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قارا شەھەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋەقەسىدە تارقىلىپ كەتكەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، شىنجاڭنىڭ تىنىچ يول بىلەن ئازات بولۇشى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىي ئىقتىسادىي جەھەتلەردە قەد كۆتۈرۈپلا قالماستىن بەلكى مەدەنىي-مائارىپ جەھەتتىنمۇ قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى، 1950 - يىلى «قارا شەھەر ۋىلايەتلىك ئاددىي سىفەن مەكتىپى» يەنە شۇ ئورۇندا رەسمىي قۇرۇلدى؛ ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىسى ئالى مەلۇماتلىق خۇاڭ جىڭ زىشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا بەلگىلەندى. 50-يىللاردا قارا شەھەر مۇئاۋىن ۋالىيسى گاۋشۇرىن ئورۇنچىدىن مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئەيسا، قادىر قۇربانلارنى بىرگە ئالغاچ

كىلىپ مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى قىلدى. قالغانلىرىنى 40 - يىللار-
دا ئۆلكىلىك سىنىپنى پۈتتۈرگەن ھەر قايسى ناھىيىدىكى بىلىملىك
ئوقۇتقۇچى زىيالىلاردىن ياسىن قۇربانغا ئوخشاشلارنى يۆتكەپ كىلىپ
ئوقۇتقۇچى قوشۇننى تولۇقلىدى. 50 - يىلى ھەرقايسى مىللەتتىن بىرى-
دىن سىنىپ جەمئى 120 ئوقۇغۇچى بولۇپ 53 - يىلىغا بارغاندا تەرەق-
قى قىلىپ 11 سىنىپ 450 ئوقۇغۇچىغا يەتتى. مۇندىن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش
پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەر قايسى ناھىيە، يېزا - قىشلاقلار مەكتەپ
مائارىپىنىڭ سانى يىتىشمەسلىك، سۈپىتى تۆۋەن بولۇشتەك ئېغىر
ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ مەكتەپ مائارىپىدا ئۇچقاندەك ئىلگىرلەش ۋە-
زىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ مەكتەپ يەنە 50 - يىللاردىن 53 - يىل-
لىغا قەدەر ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ۋەزى-
پىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئوقۇتۇش ئىددىيىسىنى توغرىلاش،
مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزكۈچىنى سەرپ قىلدى.

پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ تېخىمۇ ئەمەلىيلىشىشى
ئاساسى قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە بۇ قانۇنغا
ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈش باشلىنىپ
سابىق قارا شەھەر ۋىلايىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ 1954 - يىلى 6 -
ئايدا شىمالى ئۈچ ناھىيە، ( ھازىر تۆت ناھىيە ) قارا شەھەرنى
مەركەز قىلىپ، «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى » قۇرۇلدى
جەنۇبى 5 ناھىيە كورلىنى مەركەز قىلىپ كورلا ۋىلايىتى قۇرۇلۇپ
ۋالى مەھكىمە تەسىس قىلىندى. بۇنداق شارائىتتا «قارا شەھەر ۋى-
لايەتلىك ئاددى سىنىپ » ئىككىگە بۆلۈنۈپ قارا شەھەردىكى ئادەت-
تىكى ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ جەمئى 7، 8 سىنىپ 300
دەك ئوقۇغۇچىسى بار بولۇپ ئۇنىڭ مۇدىرى ئورپىشىن (موڭغۇل) ما-



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertor

ئاۋسن مۇدىرى جاۋجۇن (خەنزۇ)، ئىلمى مۇدىرى ۋاك يۈگرۈي بولغان ئىدى. بۇ مەكتەپتە خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بولۇپ ئو-قۇتقۇچىلىرىمۇ ھەر مىللەتتىن تەركىپ تاپقان، پارتىيە مىللىي سىيا-سىتىنىڭ غەمخورلۇقىدىكى ئۆسۈپ يېتىلۋاتقان مىللەتلەر مەدەنىيەت باغچىسى بولۇپ قالغان ئىدى. كىرىلىدا بولسا ۋىلايەتلىك «ئاددى سىغەن» قۇرۇلۇپ تۇنجى مىللىي ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ 1953 - يىلى 9 - ئايدا ھازىرقى ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنىدا بارلىققا كەلدى. مەكتەپ مۇدىرى مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئەيسا، ئىلمى مۇدىرى خالمتجان ئىدى. 53 - يىل ۋە 54 - يىللىرى جەمئىي 5 ئا-ھىيىدىن ئاددى سىفەنگە، ۋە ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1955 - يىلىغا كەلگەندە بۆگۈردە 56 - يىللىرى لىۋېيۈر چەرچەن - چاقىلىق ناھىيىلىرىدە كەينى - كەينىدىن تولۇقسىز ئوت-تۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ئاددى سىفەندىكى يېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار-دىن تالالاپ مەرھۇم ياسىن قۇربانىنى بۆگۈرگە، ئابدۇرېشىت ئىبلىنى چەرچەنگە ئېزىم ئېلىنى، چاقىلىققا، ئابلا ئەلەمنى لوپنۇرغا مەكتەپ مەسئۇلى قىلىپ ئەۋەتتى. ھەممە ناھىيىلىرىدە ئوتتۇرا مەكتەپ قۇ-رۇلغاندىن كېيىن ۋىلايەتلىك «ئاددى سىفەن» ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ ھەر قايسى ناھىيىلەردىن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈر-گەن ئوقۇغۇچىلاردىن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە تولۇق ئوتتۇرىغا قوبۇل قىلىندى. شۇ يىللاردا مەخسۇس خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ بولمى-غىنى ئۈچۈن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ (ھازىرقى 1 - ئوتتۇرا) دائىرىسىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنغان 1959 - يىلى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ ۋىلايەتتە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپ بارلىققا كەلدى. شىمالىي ناھىيىلەردە بولسا

ئالدى بىلەن خېجىڭدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. ئۇنىڭ مۇدىرلىقىنى يولداش ئارىپا ( هازىر بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاست باشلىقى ) ئۈستىگە ئالدى. كېيىنچە خوشۇت ناھىيىسىدىمۇ قۇرۇلدى. 60 - يىللارغا بارغاندا ھەممە ناھىيىلەردە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ قۇرۇلدى.

1960 يىلى سابىق كورلا ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بايىنغولىن ئوبلاستىغا قوشۇۋېتىلدى. شۇ يىللاردا 1 - 2 - 3 - ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە سەھىيە تېخنىكومى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى، سودا تېخنىكومى قاتارلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملار بارلىققا كەلدى. « مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن » ئىبارەت بالايى - ئاپەت مەدەنىي - مائارىپنى قاتتىق ۋەيران قىلدى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر «جەڭ مەيدانى»غا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى «ئاتاقلىق خوڭۋېيبىڭ جەڭچىلىرى» بولۇپ ئوقۇتقۇچى، پېشقەدەم كادىرلارنى جازالايدىغان جازا مەيدانى شەكىللەندى. مال - مۈلۈكلىرى، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ۋەيران بولۇپ ھېچ قانداق ئوقۇتۇشنىڭ ماددىي شارائىتى قالمىدى. بەختىمىزگە يارىشا 4 كىشىلىك گۇرۇھ تارمار قىلىنىپ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەكتەپنىڭ نورمال ئوقۇتۇش تەرتىۋى ئىزىغا چۈشۈپ يېڭى گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ھازىر ئوبلاستىمىزنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى سىياسىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ كۆپلەپ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش يولىدا تىرىشىپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ھازىر شەھەرلەردە، ناھىيە مەركەزلىرىدە تولۇق ئوتتۇرا، يېزا - قىشلاق، كارخانىلاردا تولۇقسىز ئوتتۇرىلار بارلىققا كېلىپ ئۇنىڭ سانى 109 غا يەتتى. بۇنىڭ ئى-

چىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 37، تولۇق ئوتتۇرا 2، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 70. مۇشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 45165 نەپەر، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرى 4019 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم 5، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 1763 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر سانى 509 نەپەر بولۇپ باللار باغچىسىدىن تارتىپ ئوتتۇرا تېخنىكومغىچە بولغان مائارىپ تورى شەكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىككى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ بولۇپ يوقلىقتىن بارلىققا كېلىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ بايىنغولىن رايونىنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي، مەدەنىي - مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۈچلۈك زاپاس قوشۇنلۇق رولىنى ئويناماقتا.

# تارىم ۋادىسىدىكى قارا قوشۇنلۇقلار

سۇلايمان ئابدۇرەھىم

ئادەملەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ئالاھىدە چوڭ ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر جاي بار. بۇ جاي قارا قوشۇن دەپ ئاتىلىدۇ. قارا قوشۇن تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قويۇلۇش نۇق- تىسى بولۇپلا قالماستىن يەنە چەرچەن دەرياسى، ئالمىچى ( ۋاشىشە - رى ) دەرياسى، چاقىلىق دەرياسى ۋە جىگدىچى ( مىرەن ) دەريا - سىنىڭ ئاخىرقى قويۇلۇش نۇقتىسى. شۇڭا قارا قوشۇننىڭ زېمىنى نۇرغۇنلىغان كۆللۈك ۋە سازلىقلاردىن تەركىپ تاپقان كەڭرى ياي - لاق. ئۇ جەنۇبتا مىرەن، شەرقتە ئالتۇنتاغنىڭ غەربى ئېتىكى، شى - مالدا لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبى، غەربتە لوپلەڭگەرگىچە بولۇپ، جە - نۇبتىن - شىمالغا 70 - 80 كىلومېتىر، شەرقتىن - غەربكە 30 - 40 كىلومېتىر جاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇرۇن بۇ جايلاردا ياشىغان كىشىلەر « قارا قوشۇنلۇق » دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخى، ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادەتلىرى بار. مەن بۇ توغرۇلۇق ئۆزەمنىڭ بىلگىنىنى يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. ئەگەردە بۇ ماقالەم تارىخچىلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئى - گە بولۇپ قالسا، ئۆزەمنى بەختلىك ھېسابلايمەن. خاتا بولۇپ قالسا يولداشلارنىڭ توغرا يولغا باشلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

بۇگۈنكى قارا قوشۇن ــ ئابدال شەھىرى ( قىشلاق شەھەر )، ئاتمىش بۇلاق ( يازلىق شەھەر ) چىگىلىك ئۆي، توقماق، قاراكۆل، توققۇز ئاتا ( بۇ بىر - بىرىگە يات بولغان توققۇز قەبىلە ئولتۇ - راقلاشقان جاي ئىدى دېگەنگە قارىغاندا، توققۇز ئۇيغۇر مەنىسىدە بولسا كېرەك ) دېگەن جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جايلارنىڭ شەرقى - جەنۇبى قارا قوشۇن، غەربى - شىمالى قوۋچول ( ئاققۇ يا- شايدىغان كۆل مەنىسىدە ) دەپ ئاتىلىدۇ.

قارا قوشۇن ئىسلامدىن بۇرۇنقى گەپ بولۇپ، ئۇلار ئالتە شە - ھەرلىك ئىكەن. شۇڭا بىز ھازىر ئالتە شەھەرلىكلەرنى قارا قوشۇن - لۇق دەيمىز. ئۇلار بىزنى قارا قوشۇنلۇق دېيدۇ. ئەسلىدە قارا قو- شۇنلۇق دېگەنلەر ئالتە شەھەرلىك ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئىكەن. يەرلىك قارا قوشۇنلۇقلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى قالماق دېگەن رىۋايەتمۇ بار. بۇ قوۋچوللۇقلار قويغان ئىسىم. ( سىدىق باي، 112 ياش ). يەنە بىر قوشاق بار: « خوتەندىن لەشكەر كەپتۇ، قارا قوشۇن نامى بار. ئال - تۇنمىكىن، كۈمۈشمىكىن قوللىرىدا بىلەك چىرايلىق جامى بار ». ( نۇرى مولla، 115 ياش ).

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، « قارا قوشۇن » ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئاتالغۇ يەنە كېلىپ ھەربى ئاتالغۇ. ئۇنداق بولسا بۇ قايسى قوشۇندۇ؟ بۇ قوشۇن چوقۇم ئوتتۇرا ئاسىيادا 4 ئەسىرگە يېقىن ( 870 - 1231 - يىللار ) ھۆكۈم سۈرگەن قاراخا - نىلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى. ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭ- نىڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا قا - راخانىلار سۇلالىسى ئۆزىنىڭ شەرقتىكى بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈ - چۈن بۇ جايدا ئەسكەر تۇرغۇزغان. ( بۇ جاي بۇرۇن كەرۋەن خاد -

لىقىنىڭ، كېيىنچە تۇرپان قوجو خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان ).
نەتىجىسىدە، « قارا قوشۇن يۇرتىنىڭ ئىسمى » ( راخمان ئاخۇن، 98
ياش ) بولۇپ قالغان. ئەسلىدە قارا قوشۇن — قارا خانىلار سۇلا -
لىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئومۇمى نامى ئىدى.

« قارا قوشۇن دىگەن يۇرتتا كېيىن ياشىغانلار قالماق ئىكەن »
( ئەيسا بەگ، 118 ياش ) دىگەن سۆز ۋە بەزى گەپ - سۆزلەرگە
قارىغاندا توغلۇق تۆمۈر ئاقسۇدا 30 مىڭ موڭغۇلنى باشلاپ مۇسۇلمان
بولغاندىن كېيىن، موڭغۇللار ئىچىدىكى بەزى يۇقىرى قاتلام كىشىلەر-
دىن لاما، كېلىڭ دىگەنلەر توغلۇق تۆمۈرگە قارشى توپىلاڭ كۆتەر -
گەن. لېكىن توپىلاڭچىلار قورالسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسلام شەرى-
ئىتى بويىچە ئۇلارغا ئىمان ئېيتقۇزۇپ، مۇسۇلمان قىلىپ، ئۇلارنى
قارا قوشۇنغا سۈرگۈن قىلغان. ئۇلارغا قەلەملىك ۋە ئەلەملىك ئىس-
لام ئۆلىمالىرىدىن نازارەتچى قويۇپ، ئۇلارنىڭ قارا قوشۇندىن چى -
قىپ كېتىشىنى ۋە باشقا جايلار بىلەن ئالاقە قىلىشىنى قاتتىق
چەكلىگەن. شۇڭا شىمالدا هازىرقى تارىم دەرياسى بويىدا « قورغان »
دىگەن جايغا سېپىل سالدۇرۇپ شىمالى چوڭ يولنى توسۇپ تۇرغان .
جەنۇپتا بولسا، « ئابدال شەھرى » نىڭ ئىدۇلىدا — ئاق مەسچىت
دىگەن جايدا ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ، جەنۇبى چوڭ يولنى ( قەدىمى
كارۋان يولى) نى توسۇپ تۇرغان. بۇ گەپ ئەمەلىيەتكە يېقىن، چۈنكى
قارا قوشۇنلۇقلار موڭغۇل چىراي (كوسا، كۆزلىرى سەل قىسىق، ئېڭ-
كى مەڭزى ئېگىزرەك ). قارا قوشۇنلۇقلار يېقىنغىچە موڭغۇللاردەك
بېشىغا كىگىز قالپاق، پۇتىغا چورۇقنى كىگىز پايپاق ياكى پالاز پاي-
تىما بىلەن كىيەتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلاردەك خىلمۇ - خىل تاماقلارنى
بىلمەيتتى، ئۇلارنىڭ ئالى دەرىجىلىك تامىقى گۆشنى شورپا قىلىپ،